# جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ پەزىلىتى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ پەزىلىتى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىس يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، جامائەتنىڭ ھەر جەھەتتىن پايدىسى كۆپ بولغانلىقتىن يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق ساۋاب بولىدۇ، مۇسۇلمانلار ئارا مەنپەئەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە نامازدىن كۆزلەنگەن مەقسەتنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتىن ئىككى ئىش ئوتتۇرىسدا چوڭ پەرىق بار. بۇ ساۋابنى قولدىن كەتكۈزگەن كىشى نۇرغۇن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3441